بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

54- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/03/29

مىلادىيە: 2018/12/07

t.me/@islamavazi

t.me/@eserler

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَنْ يَعْمُرُوا مَسَاجِدَ اللَّهِ شَاهِدِينَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ بِالْكُفْرِ أُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ وَفِي النَّارِ هُمْ خَالِدُونَ ۞ إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا اللَّهَ فَعَسَى أُولَئِكَ أَنْ يَكُونُوا مِنَ الْمُهْتَدِينَ﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن اللهنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر-بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) اللهنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا قالىدۇ [17]. اللهنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، اللهتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ [18]» (سۈرە تەۋبە 17- ۋە 18- ئايەت).

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رضي الله عنه ئىبنى ئاbbاس رضي الله عنهدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئىبنى ئاbbاس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «ئاbbاس بەدر كۈنى ئەسىرگە چۈشكەندە (رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ساھابىلىرىگە): <ئەگەر سىلەر ئىسلام، ھىجرەت ۋە جىھادقا بىزدىن ئىلگىرى ئېرىشكەن بولساڭلار، ئۇنداقتا بىزمۇ مەسجىدىل ھەرەمنى ئاۋات قىلىش، ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ۋە ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق ياخشىلىقلارغا سىلەردىن ئىلگىرى ئېرىشكەنمىز> دېگەندە، الله تعالى يۇقىرىقى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى».

يەنە بىر ھەدىستە كېلىشىچە، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار بەدردە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى مۇشرىكلىك بىلەن ئەيىبلەشتى. شۇ جۈملىدىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه تاغىسى ئاbbاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى: «نىمىشقا رەسۇلۇللاھقا قارشى جەڭگە قاتنىشىسەن؟ نىمىشقا سىلە-رەھىم (يەنى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق) نى ئۈزىسەن؟» دەپ ئەيىبلەپ قاتتىق گەپ قىلغىلى تۇردى. ئاbbاس ئۇنىڭغا: «سىلەر بىزنىڭ يامانلىقلىرىمىزنىلا سۆزلەپ ياخشىلىقلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قالامسىلەر؟» دېگەندى، ئۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاbbاس قاتارلىق ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئۇنىڭغا: «ھەئە! بىز ئەجىردە سىلەردىن ئەۋزەلمىز. چۈنكى بىز مەسجىدىل ھەرەمنى ئاۋات قىلاتتۇق، كەئبىگە يوپۇق ياپاتتۇق، ھاجىلارنى سۇغۇراتتۇق ۋە ئەسىرلەرنى ئازاد قىلاتتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەندە، مۇشۇ ئايەتلەر نازىل بولدى («أسباب النزول» 139- بەت).

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

الله تعالى بۇ سۈرىنىڭ ئەۋۋىلىدە كاپىرلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشنى ھەمدە كاپىرلارنىڭ شۇ ئادا-جۇدالىقنى تەقەززا قىلىدىغان ھەرخىل قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە شەرمەندىچىلىكلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇلار: «بۇ ئادا-جۇدا بولۇش يوللۇق ئەمەس، بىز ئۆزئارا ئارىلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى بىز مەسجىدىل ھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل سۈپەت ۋە ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرمىز» دېگەندەك شۈبھە ۋە باھانىلەرنى ھۆججەت قىلىشقانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلارنى مەسجىدىل ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن چەكلەش، مەسجىدىل ھەرەمگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە خىزمەت قىلىش ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە سۆز قىلىش مۇناسىپ بولدى. مانا بۇ — مۇشرىكلارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

مەسجىدىل ھەرەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان اللهنىڭ بارلىق مەسجىدلىرىنى شۇ مەسجىدلەردە ئىبادەت ئۈچۈن تۇرۇپ قىلىش ياكى شۇ مەسجىدلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن تۇرۇپ قىلىش ۋە ياكى شۇ مەسجىدلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۇرۇپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكلىرىگە ئۆزلىرى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇ مەسجىدكە ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كىرىشلىرى ئەسلا دۇرۇس ئەمەس. يەنى بۇ مۇشرىكلارنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى شۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنىدۇ، بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىدۇ ۋە بۇتلارنى تاۋاپ قىلىسلا (يەنى بۇتلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلانسا) ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىدۇ. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرى ئارقىلىق: «ئى الله! سېنىڭ ھېچبىر شېرىكىڭ يوق. لېكىن سېنىڭ پەقەت بىر شېرىكىڭ باركى، سەن شۇ شېرىككە ۋە شۇ شېرىك ئىگە بولغان نەرسىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىسەن» دېگەن سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

دېمەك، مۇشرىكلار اللهنىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋات قىلىش ۋە اللهقا كاپىر بولۇشتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە زىت بولغان ۋە سەھىھ يول ئارقىلىق ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىككى خىل ئىشنى ئۆزلىرىدە بىراقلا سادىر قىلغان.

ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى شېرىك كەلتۈرۈش سەۋەبلىك يوققا چىقتى. ئۇلارغا يەنە ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ، ئۇلار يەنە جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار شېرىك ۋە كۇفرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئېغىر جىنايەتنى ئىشلىگەن. بۇنداق جىنايەتلەرنى ئىشلىگەنلەرگە ئاخىرەتتە ھېچبىر ساۋاب ۋە ئەجىر يوقتۇر. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى دەلىل بولۇپ، ئۇلاردىن بىرنەچچە ئايەتنى كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز: «ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى» (سۈرە ئەنئام 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

«ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: <ئەگەر سەن اللهقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن> دەپ ۋەھيي قىلىنىدى [65 - 66]» (سۈرە زۇمەر 65- ۋە 66- ئايەت).

«بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)» (سۈرە فۇرقان 23- ئايەت).

الله تعالى ئۇ مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، بۇ سالاھىيەتكە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «اللهنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، اللهتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ» دېدى. يەنى بۇ خىزمەتكە لايىق بولىدىغانلار — اللهنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قۇلچىلىق قىلىنىشتا يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، الله بەندىلەردىن ھېساب ئېلىپ ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىدىغان ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلغان، ئادا قىلغاندىمۇ روكنىلىرى ۋە شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان، نامازنىڭ تىلاۋەت ۋە زىكىرلىرىنىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلانغان، قەلبلىرى اللهقا خۇشۇئ قىلغان (يەنى باش ئەگكەن) ۋە اللهتىن قورققان ھالدا ناماز ئوقۇغان، زاكاتنى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان مىسكىن، كەمبەغەل ۋە ئىبنى-سەبىللەرگە بەرگەن شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدە، شۇ جۈملىدىن، جىھادىدا يەككە اللهتىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقىي پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان ھېچبىر بۇت ۋە كاتتىۋاشلاردىن قورقمايدىغان، پايدا-زىيان پەقەت اللهنىڭ قولىدا دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر. الله تعالى بۇ يەردە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەننى تىلغا ئالمىدى. چۈنكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش دېگەندەك ئىشلار پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىدىن ناماز ۋە زاكات قوبۇل بولمايدۇ. مانا مۇشۇ سۈپەتكە ئىگە بولغان مۆئمىنلەرلا مەسجىدلەرنى رېمونت قىلىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق ماددىي جەھەتتە ئاۋات قىلسا؛ ئىبادەت ۋە زىكىرلەرنى قىلىش ھەمدە شەرئىي دەرسلەرگە ھازىر بولۇش ۋە ئىلىم ئېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەنىۋىي جەھەتتە ئاۋات قىلىدۇ. شۇڭا بۇلاردىن باشقىلار اللهنىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋات قىلالمايدۇ. مانا شۇلارلا — الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە الله رازى بولىدىغان ياخشىلىقلارغا دائىم يېتەكلىنىپ تۇرىدىغان ۋە قىلغان ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان ساۋابلارغا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇ ئازغۇن مۇشرىكلار بۇ سالاھىيەتكە ھەرگىزمۇ ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى بۇلار نۇرغۇنلىغان زىتلىقلارنى ئۆزىگە جەملىگەن بولۇپ، شۇ جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشلىرى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت (يەنى قانۇن، قائىدە)لەرنى ئىنكار قىلىشلىرى، تاغۇتلارغا باش ئېگىشلىرى ۋە ئارقىدىنلا اللهنىڭ مەسجىدلىرىگە بەزىبىر خىزمەتلەرنى قىلىشلىرى — بىر-بىرىگە تۈپتىن زىت ئىشتۇر.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۆئمىن-مۇجاھىدلارنىڭ مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىشقا ھەقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسى مەسجىدلەرنى ماددىي ياكى مەنىۋىي جەھەتتىن ئاۋات قىلىش توغرىسىدا بايان قىلىنغان. بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئوسمان رضي الله عنهنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ: «كىم الله ئۈچۈن اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا بىر مەسجىد بىنا قىلسا، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ».

ئىمام ئىبنى ماجە رحمه الله جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «كىمكى الله ئۈچۈن ياۋا كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك مىقداردا بولسىمۇ مەسجىد بىنا قىلىشىپ بەرگەن بولسا، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» (ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

مەسجىدنى مەنىۋىي جەھەتتە ئاۋات قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ توغرىسىدا مەسجىدلەرنى ئىبادەت ۋە ئىلىم سورۇنلىرى قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇن ئايەت-ھەدىسلەر كەلگەن.

## بۇ ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇشرىكلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىلمەيدىغانلىقى.

ئىككىنچى، اللهقا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەتكە بولغان ئىمان، نامازنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش ۋە اللهتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماسلىق قاتارلىق مۇشۇ تۆت سۈپەتلەرنىڭ ئەھلى بولغانلارنىڭلا مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلىنىش پەزىلىتىگە لاياقەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، الله تعالىنىڭ «اللهتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان» دېگەن بۇ سۆزى — «مەسجىد بىنا قىلغان كىشىنىڭ قىلغان خىزمىتى الله ئۈچۈن خالىس بولۇشى، بۇ خىزمىتىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىشنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم» دېگەنگە دەلىل ئىكەنلىكى.

سەھىھ كۆزقاراش شۇكى، كاپىرلارنى مەسجىدلەرنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل قىلماستىن بەلكى پەقەت قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ياللاپ ئىشلىتىش جائىزدۇر. بۇ مەزكۇر ئايەتتىكى چەكلەشنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى چەكلەش بولسا پەقەت مەسجىدلەرنىڭ مەنپەئەتىگە مۇستەقىل ئىگىدارچىلىق قىلىش، مەسىلەن، مەسجىدنىڭ ياكى مەسجىد ۋەخپىلىرىنىڭ نازارەتچىسى بولۇش دېگەندەك مەسئۇلىيەتلەرگە قارىتىلغاندۇر.

تۆتىنچى، مەسجىدلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە ئاۋات قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

بەشىنچى، ۋاھىدى مۇنداق دېگەن: «كاپىرلار مەسجىدلەرگە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزنىسىز كىرگەن بولسا تەزىرگە ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئىزنى بىلەن كىرسە تەزىر بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئەۋزىلى شۇكى، مەسجىدلەرنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن كاپىرلارنى مەسجىدلەرگە كىرىشكە يول قويماسلىقتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاپىر ھالەتتىكى باشلىقلىرىنى مەسجىدكە چۈشۈرگەن ۋە سۇمامە ئىبنى ئۇسال دېگەن كىشىنى كاپىر ۋاقتىدا مەسجىدنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويغان».

ئالتىنچى، كاپىرلارنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى.

يەتتىنچى، مەسجىدلەردە ئىبادەتتىن باشقا دۇنيا پاراڭلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقى.

سەككىزىنچى، جەسساس مۇنداق دېگەن: «مەسجىدنى ئاۋات قىلىش ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مەسجىدنى يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇش؛ يەنە بىرى، مەسجىدنى بىنا قىلىش ۋە كونىراپ كەتكەن يېرىنى يېڭىلاش» («أحكام القرآن»دىن ئېلىنىدى).

# دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقادىدا، بىر مۇسۇلمان كىشى دىندىن چىقىپ كەتمەيدىغان ھارام ئىشنى قىلسا ياكى تەرك ئەتسە كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغان پەرز ئىشلارنى قىلمىسا ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئىماننى بۇزىدىغان ئامىللارنى سادىر قىلغاندىلا، ئاندىن ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ. قىبلە ئەھلىدىن (يەنى مۇسۇلمانلاردىن) قانداق بىر كىشى كۇفرى بولمىغان ھەرقانداق بىر چوڭ گۇناھنى ئۆتكۈزگەن بولسا، شۇ گۇناھنى ھالال سانىمىسىلا ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيادا ئىمانى كەمتۈك مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىمانى سەۋەبلىك مۇئمىن، چوڭ گۇناھى سەۋەبلىك (تەۋبە قىلمىغان بولسا) پاسىق دېيىلىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا اللهنىڭ مەشىئىتى (يەنى خالىشى) ئاستىدا بولۇپ، خالىسا ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى ـ ئېھسانى بىلەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىسا ئۆز ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئازابلايدۇ. چۈنكى ئىمان، ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ تەقەززا ـ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىنىش جەھەتتىن جۈزئىيلىشىشنى (قىسمەنلىكنى) ۋە پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا دوزاخقا كىرىپ بولغان پاسىق مۇئمىننى ئىنتايىن ئاز ئىمانى سەۋەبىدىن الله تعالى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى ـ ئېھسانى بىلەن دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئىمان الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيي (يەنى «ئىسلام»دىن ئىبارەت قانۇن ـ نىزام) نى «راست» دەپ تەستىقلاش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىن، رۇكۇنلىرى ۋە ماھىيىتى بىلەن بىر پۈتۈن ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتە پارچىلىنىشنى ۋە جۈزئىيلىشىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىمان نۇرغۇن شاخچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ شاخچىلارنىڭ ھەممىسىگە بىر پۈتۈن ئىمان كەلتۈرۈش پەرزدۇر. شۇڭا ئىمان شاخچىلىرىدىن ھەرقانداق بىر شاخچىنى ياكى ئىمان جۈزئىيلىرىدىن (پارچىلىرىدىن) بولغان ھەرقانداق بىر جۈزئىينى ۋە ياكى ئىمان مەسىلىلىرىدىن بولغان ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ئىنكار قىلىش ــــ شۇ ئىماننىڭ قالغان مەسىلىلىرى ۋە جۈزئىيلىرىگە كاپىر بولغانلىقتۇر. شۇنداقلا ئىمان دائىرىسىدىن كۇفرى دائىرىسىگە چىقىپ كەتكەنلىكتۇر. لېكىن كۇفرىغا چىقىرىشمىز ئۈچۈن، كۇفرىغا چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تېپىلغان ۋە چەكلىگۈچى ئامىللار يوقالغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ﴾ «سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا كاپىر بولامسىلەر!؟» (سۈرە بەقەرە 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

اللهنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن كىتاب (يەنى قانۇن)قا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنىڭ كەمتۈك بولماستىن بەلكى بىر پۈتۈن بولۇشى پەرزدۇر. ئىمان ئۆزىنىڭ رۇكۇنلىرى، ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىللار جەھەتتىن پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىمان ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇزۇلىدۇ. شۇڭا كىمكى ئىمان مەسىلىلىرىدىن بىرەر جۈزئىي مەسىلىگە ئەيىب قويىدىكەن ياكى بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەتنى ھالال سانايدىكەن ۋە ياكى ئىسلامنىڭ شوئارلىرى (يەنى ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ئىسلامنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەلگە خاراكتېرلىك خاس ئالامەتلەر)دىن بىرەر شوئارغا ئۆبزور (يەنى تەنقىد ۋە ئېتىراز) ئېلان قىلىدىكەن، مانا بۇ ــــ ئىماننىڭ ھەممىسىگە پۈتۈنلەي ئەيىب قويغانغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر بىر مۇسۇلماندىن شۈبھە ۋە تەئۋىل بولمىغان ئاساستا بۇ ئىشلار يۈز بېرىدىكەن، كاپىرغا چىقىرىشنىڭ چەكلىگۈچى ئامىللىرى يوقىلىپ، شەرتلىرى تېپىلىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىمان دېگەن بىز خالىغانچە بەزى ئاساسلىرىنى تۇتۇپ ۋە بەزى ئاساسلىرىنى تەرك ئەتسەكمۇ ئىمان دائىرىسىدە قېلىۋېرىدىغان چاچما پارچىلار ئەمەستۇر. چۈنكى، كىمكى ئىماننىڭ ئاساسىي پارچىلىرىدىن ھەرقانداق بىر پارچىنى ئىنكار قىلىشنى ئۇقتۇرىدىغان بىرەر سۆزنى ياكى بىرەر ھەرىكەتنى قىلسا ۋە ياكى بىرەر ئېتىقادنى قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى بۇزۇلۇپ كېتىپ ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇرتەدلىك ئەھكاملىرى تەتبىقلىنىدۇ. گەرچە ئۇ ئىماننىڭ بەزى پارچىلىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ ئۇ مۇرتەد بولىۋېرىدۇ لېكىن مۇرتەدكە چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تېپىلغان، چەكلىگۈچى ئامىللىرى يوقالغان بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىغان بولسا دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن بولىدۇ. (الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



## ئاياللارنىڭ جەڭگە قاتنىشىشى

ئاياللار ئەرلەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە يارىدارلارنى داۋالاش ئۈچۈن جەڭگە ئىشتىراك قىلدى. ئاياللارمۇ ئەسكىرىي خىزمەتكە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ ئەممارە رضي الله عنها ئىبنى قەمئە دېگەن مۇشرىككا يولۇقۇپ قالغاندا، ئىبنى قەمئە ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ يەڭگىل زەخىملەندۈرگەنىدى، ئۇممۇ ئەممارە رضي الله عنها ياندۇرۇپ بىر قانچە قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇشلار ئىبنى قەمئەنى زەخىملەندۈرەلمىدى چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئىككى قات ساۋۇت بار ئىدى. جەڭ توگىگەندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئاياللار جەڭ مەيدانىغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىشە، ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئۇممۇ سۇلەيت رضي الله عنهم قاتارلىق ساھابە ئاياللارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار مۇجاھىدلارغا سۇ توشۇيتتى. ئۇممۇ ئەيمەن رضي الله عنها كەينىگە چېكىنگەن مۇجاھىدلارنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە توپا چاچاتتى. ئۇ جەڭ مەيدانىغا يارىدارلارنى داۋالاش ئۈچۈن كىرىپ، ئۆزىمۇ يارىلانغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ قىزى پاتىمە رضي الله عنها جەڭگە دادىسى بىلەن بىللە چىققان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇپ، يارىلىرىنى تاڭاتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺدىن قان توختىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پارچە بورىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى يارىلانغان جايغا باسقانىدى، شۇنىڭ بىلەن قان توختىدى.

## مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ رولى

مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەت، قۇلاق، بۇرۇن ۋە جىنسىي ئەزالىرىنى كېسىپ، قورساقلىرىنى ياردى. ئەبۇ جەھىلنىڭ خوتۇنى ھىندى ھەمزە رضي الله عنهنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئۇنىڭ جىگىرىنى چايناپ، ئاخىرىدا يۇتالماي تۈكۈرۈۋەتتى. بۇ ئاياللار مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى ھالقا ۋە زىرە قىلىپ ئېسىشتى. بۇ ئاياللارنىڭ مۇشرىكلارغا كۆرسەتكەن خىزمىتى، ئاساسلىقى مۇشرىكلارنى روھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارنى جەڭگە شىجائەتلەندۈرگەن ۋە چېكىنگەنلەرنى جەڭگە قايتۇرغان.

## جەڭ مەيدانىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئىزدەش

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئىزدەپ چىقتى. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ زەيد ئىبنى سابىت رضي الله عنهنى سەئد ئىبنى رەبىئ رضي الله عنهنى ئىزدەشكە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: «سەئدكە مەندىن سالام ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭغا: <ئۆزۈڭنى قانداق ھالەتتە كۆرۈۋاتىسەن؟> دېگىن» دەپ تاپىلىدى. زەيد رضي الله عنه سەئد رضي الله عنهنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. سەئد رضي الله عنه ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھقا اللهنىڭ سالامى بولسۇن! سەن رەسۇلۇللاھقا مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزگىن: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن>. ئى زەيد! سەن ئەنسارلاردىن بولغان قەۋمگە يەتكۈزۈپ قويغىنكى: <ئى ئەنسارلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كۆزى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كىشى بار تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھقا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىپلا قالسا، اللهنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە ھېچقانداق ئۆزرە يوقتۇر>» دېدى ـ دە، جان ئۈزدى.

ئۇلار ئەسىرەم (يەنى ئەمر ئىبنى سابىت) رضي الله عنهنى تاپتى. ئۇ ئەسلىدە مۇشرىك بولۇپ، ساھابىلەر ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ جەڭگە نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭ؟ مىللىتىڭگە ھېسداشلىق قىلىپ كەلدىڭمۇ ياكى ئىسلامغا قىزىقىپمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئەسىرەم رضي الله عنه ئۇلارغا: «بەلكى مەن ئىسلامغا قىزىققانلىقتىن كەلدىم. مەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺگە بۇ ۋەقەلىكنى ئېيتىشقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه ئەمر ئىبنى سابىت رضي الله عنه توغرىسىدا ھەدىس سۆزلەپ: «ئۇ اللهقا بىر رۇكۇمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى» دېدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قۇزمان دېگەن بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ: «مەن مىللىتىم ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلدىم. ئەگەر مىللىتىم بۇ جەڭگە قاتناشمىسا ئىدى، مەن ھەرگىزمۇ بۇ جەڭگە كىرمەيتتىم» دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى «دوزاختا بولىدۇ» دېدى.

ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلاردىن مۇخەيرىق دېگەن بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ كىشى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇخەيرىق يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېگەن. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى رحمه الله مۇخەيرىقنى ساھابىلەرنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پىرقىلەر تارىخى



قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

## ئۇلارنىڭ تۈتىنچى سۈپىتى ــــ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل ھاكىملىرىغا قوراللىق قارشى چىقىش

خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىرى ۋە ھاكىملىرىغا يامان گۇمان قىلغانلىقتىن ھەمدە گۇناھ ئەمەس ئىشلارنى «گۇناھ» دەپ سانىۋالغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمايدىغان كىشىلەرگە قوراللىق قارشى چىقىش ــــ ئۇلارنىڭ مەنھەجىدىندۇر. شۇڭا ئۇلار ئىلگىرى ئوسمان، ئەلى ۋە مۇئاۋىيە رضي الله عنهملارغا قوراللىق قارشى چىققان. ئۇلار يەنە ئىسلام ئۇممىتى ۋە ئۇممەتنىڭ ئوغلانلىرىغا قىلىچ، ئۆلتۈرۈش، زۇلۇم قىلىش ۋە يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قوللانغان. بۇلارنىڭ ئۇمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى خەلىپە ۋە ھاكىملارغا تۇتقان يوللىرى بۇ ھەقىقەتنى يورۇتماقتا.

ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ھاكىمىيەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسا، ئۇ مۇسۇلمان كىشى تېخى ھاكىملىق خىزمىتىگە كىرىشمەي تۇرۇپلا، بۇ خاۋارىجلار بىر تالاي كۇفرى ئىشلار تىزىملىكىنى تەييارلاپ شۇ ھاكىمغا چاپلايدۇ. ئەگەر ئۇ ھاكىم ھاكىملىق خىزمىتىگە كىرىشسە، شۇ ھاكىمغا قوراللىق قارشى چىقىش ۋە قان تۆكۈش قاتارلىق ئىشلارنى تەقەززا قىلىدىغان «كاپىر» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. ئۇلار ئىشلارغا ھەر قايسى قىسىملىرىدىن ياخشى نەزەر سالمايدۇ: ھاكىملاردا مەۋجۇت بولغان ياخشى تەرەپلەرگە ئىنساپ قىلمايدۇ ياكى پايدا ـ زىياننىڭ ئارىسىنى دەڭسىمەيدۇ: ئۇلار بۇ خىل ئىنسابنى تونۇمايدۇ ۋە بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ: ئۇلار پەقەت شۇ ھاكىملاردىن سادىر بولغان سەلبىي ۋە قاراڭغۇ تەرەپلىرىگىلا ياخشى نەزەر سالىدۇ. بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، ھاكىملارغا قوراللىق قارشى چىقىش ۋە ھارام قان تۆكۈشتىن ئىبارەت سەلبىي ۋە قاراڭغۇ ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

مۇسۇلمانلاردا خەلىپە ياكى ھاكىم يوق ۋاقىتلاردا، مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەتلىرىگە، قەبىلىلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ باتىل پىكرىگە ماسلاشمىغان ھەرقانداق مۇسۇلمانلارغا قوراللىق قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىراق، سۈرىيە، لىۋىيە، يەمەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتلاردىكى ئىلگىرىكى ۋە بۈگۈنكى قىلمىشلىرى بۇ سۆزىمىزگە يېتەرلىك ئىسپاتتۇر.

سوئال: ھاكىملارغا قوراللىق قارشى چىقىش توغرىسىدا خاۋارىجلارغا قانداق مەيداندا بولىمىز؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ھاكىملار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ئادىل مۇسۇلمان ھاكىم. ئەگەر خاۋارىجلار بۇنداق ھاكىمغا قارشى چىقىپ ئۇنى تەختتىن

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

چۇشۇرمەكچى ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولسا، شۇ مۇسۇلمان ھاكىم بىلەن بىرلىكتە خاۋارىجلارغا قارشى جەڭ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا شۇ خاۋارىجلار ۋە ئۇندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنداق ھاكىمغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

ئىككىنچى، زالىملىقى ۋە ھاماقەتلىكى قاتتىق بولغان زالىم مۇسۇلمان ھاكىم. بۇنداق ھاكىمنىڭ گالۋاڭلىقى ۋە زۇلمى خاۋارىجلارنىڭ زۇلمىدىن ئارتۇقراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر خاۋارىجلار ئۇ ھاكىمغا قارشى چىقسا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن سالامەت قالسىلا، ئۇ ھاكىم بىلەن خاۋارىجلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلاشمايمىز. ئەگەر تىنچ مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ ئىپپەت- نومۇسلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇ خاۋارىجلارنىڭ زىيىنى يەتسە، شۇ چاغدا ئۇ خاۋارىجلارغا قارشى جەڭ قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى چېكىندۈرۈش لازىم بولىدۇ. چۈنكى خۇلەفائى راشىدىنلاردىن ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) ئادىل ئىمامغا (يەنى ھاكىمغا) قارشى چىقسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار: ئەگەر ئۇلار زوراۋان ئىمامغا قارشى چىقسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق سۆزى (يەنى تەئۋىلى) بار» («فتح البارى» 12- توم 135- بەت).

ئۈچىنچى، مۇرتەد، كاپىر ھاكىمنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇرتەدلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار خاۋارىجلاردىن ۋە خاۋارىجلارنىڭ جامائەتلىرىدىن يىراق تۇرغان شۇنداقلا خاۋارىجلارنىڭ بايراقلىرىدىن ئايرىم بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بايرىقى ئاستىدا ھاكىمغا قورallıق قارشى چىقىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئىمكان بولمىسا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەنە شۇ مۇرتەد كاپىرغا قارشى جەڭ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ لېكىن بۇ خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارنىڭ بويۇنلىرىدا قىلىچ ئويناتمىغان، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچمىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلمىغان بولۇشى شەرت. مانا بۇ چاغدا شەرىئەتتىكى «ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلىنى تاللايمىز» دېگەن مەشھۇر قائىدىگە ئاساسەن، زۆرۈرىيەت مىقدارىدا شۇ خاۋارىجلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىنىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا



## جىھاد مەيدانىنى قەدىرلەش

جەڭ مەيدانىنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قېچىش ئۈچۈن، «قەلبىمنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلانمىسام بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ ياكى مۇجاھىدلارنىڭ بەزىبىر خاتالىقلىرىنى كۆرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ ۋە ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەڭ مەيدانىدىكى جىھاد ئىبادىتىدىن باشقا بىر ياخشى ئەمەلنى ئەۋزەل ساناپ جىھاد مەيدانىنى تەرك ئەتكەن ھەرقانداق كىشى ئىبلىسنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى بىر ئەسكەرگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. شۇڭا، ئى مۇجاھىدلار! سىلەر ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان جىھاد مەيدانىنى مەھكەم تۇتۇڭلار! ئەنە! جەننەت سىلەرنى كۈتمەكتە. مانا! سىلەرگە ھەق ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ياردەم بېرىش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى. مانا! بىر تۈركۈم ئەۋلىيا بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرى بىلەن بىرگە ھەق كەلىمىلىرىنى ئۈستىگە يۆدۈپ ماڭماقتا. الله بىلەن قەسەمكى، اللهنىڭ دۈشمەنلىرىنى رەنجىتىدىغان، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز زىيىنىغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان ھەقىقەت بازىرى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۈگۈنكىدەك قىزىغان ئەمەس. چۈنكى سىلەر ئەنە شۇ اللهنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ «كەلگۈسى بۇ دىنغا مەنسۇپ» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى بېشىڭلاردىن كەچۈرۈۋاتىسىلەر. مانا! كەلگۈسىمۇ كەلدى، ئى ئىسلام ياشلىرى! سىلەر ئەنە شۇ كەلگۈسىنىڭ ئوغلانلىرى سىلەر. چۈنكى الله تعالى ئاللىبۇرۇن ئىسلام ئەھلىنىڭ قورالنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ھالەتتە ئىززەتلىك ھايات كەچۈرۈشىگە ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ دىن دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئېلىش ئارقىلىق شىپا تېپىشىغا ئىزنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، الله تعالى ئۆز ئىزنى بىلەن توغرا يولدىكى خىلاپەتنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن خەۋەر بەرگەن.

—— شەيخ ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى

## ئىسلامزىمچىلار... يۇمشاق مەنپەئەتلەر ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە مېڭىش

مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ زامانلاردىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن ئادەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ھەقىقىي بېسىملارغا دۇچ كەلگەن ۋە بۇ بېسىملارنى قاتتىق كۈچ بىلەن ھەل قىلىش تەس بولغان چاغدا، پرىنسىپتىن چۈشۈپ بېرىشلەر (يەنى «تاياقنىڭ ئورنىغا سەۋزە بېرىش تاكتىكىسى»)نى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزى ئۆتمەيدىغان ساھەلەرگە تەقدىم قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بېسىم قىلغۇچىلارنىڭ غەزىپىنى ۋە شۇ بېسىمنىڭ كۈچىنى بوشىتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى ياكى ئۇنى زەئىپلەشتۈرمەكچى بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار (ئەنە شۇ بېسىم قىلغۇچىلار) مۇشۇ ئامال بىلەن ئۆزلىرى كۈچلۈك تۇرۇپ پرىنسىپلىرىدىن چۈشۈشلىرىگە سەۋەب بولغان تايىنى يوق يۇمشاق مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈپ، ئۇنى مەھكەم چاڭگاللاپ يۈرۈشىدۇ.

## يۇمشاق مەنپەئەتلەر ۋە قاتتىق مەنپەئەتلەر

سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى سىياسىيونلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن بولغان مەنپەئەتلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ. بىرى، قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان قاتتىق مەنپەئەتلەر: يەنە بىرى، مۇھاپىزەت قىلىش تەس بولغان يۇمشاق مەنپەئەتلەر. ئەقىللىق سىياسىيون قاتتىق مەنپەئەتلەر كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ، دائىم ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تىرىشىدۇ: ھېلىقى يۇمشاق مەنپەئەتلەر پرېزىدېنت ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغىدەك دەرىجىدە ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، بۇ مەنپەئەتنى دەپ قاتتىق مەنپەئەتتىن چۈشۈپ بەرمەيدۇ.

ھازىرقى زامان تارىخىدا بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مىساللار بار. مەسىلەن، بەزى ھۆكۈمەتلەر ياكى خەلقئارالىق نىزام (يەنى «ب د ت لۈكچەكلىكى») ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئاستىدىكى نۇرغۇنلىغان يۇمشاق مەنپەئەت خاراكتېرلىك بەزى رايونلاردىن شارائىتلارنىڭ قىستىشى نەتىجىسىدە بەزى ئىسلامىي جامائەتلەرگە چۈشۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ —— «سەۋزە تەڭلەش تاكتىكىسى» بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتلەر بۇ تاكتىكا ئارقىلىق ئۆزلىرى چۈشۈپ بەرگەن ھېلىقى مەنپەئەتتىن تېخىمۇ قاتتىق ۋە تېخىمۇ چوڭراق بولغان بىر بۆلۈك مەنپەئەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئاندىن شارائىتلار ئۆزگىرىشى بىلەنلا، ئۇلار ھېلىقى ئىسلامىي جامائەتلەردىن ئەنە شۇ مەۋھۇم مەنپەئەتلەرنى تارتىۋالىدۇ- دە، ئۇ جامائەتلەرنى 100 يىللارچە كەينىگە چېكىندۈرىدۇ. شۇ جامائەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى بولسا تۈرمىگە تاشلاپ ئېغىر قىيناقلار بىلەن ئازابلايدۇ.

بۇ «چۈشۈپ بېرىش»لەر ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ خىيالىي مەنزىرىلىرىدىن مەلۇم بىر مەنزىرىدىلا توختاپ قالماستىن بەلكى شارائىت ۋە ۋەقەلىكلەرگە بېقىپ ئومۇمىي ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىگە يامرايدۇ.

## سىياسىي ھەرىكەت جامائەتلىرى

سىياسىي ھەرىكەت جامائەتلىرى ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان قاتتىق مەنپەئەت بىلەن ساقلاش مۇمكىن بولمايدىغان (يەنى ھايۋانات مېيىغا ئوخشاش ئېرىپ كېتىدىغان، بۇزۇلۇپ قالىدىغان) يۇمشاق مەنپەئەتلەر ئارىسىنى ئايرىمايدۇ. بۇ جامائەتلەر پۈتۈن كۈچ- قۇۋۋىتىنى ھەقىقىي مۇستەھكەم بولۇپ بولغان ھۆكۈمەتلەر كونتروللۇقى ئاستىدىكى رەئىسلىك، پارلامېنت، مىنىستىرلىق ۋەزىپىلىرى ۋە شەھەر باشلىقلىقى... قاتارلىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەكلىي ھوقۇقلار (يەنى يۇمشاق مەنپەئەتلەر)غا سەرپ قىلىدۇ. سىياسىي جامائەتلەر: «بىز پارلامېنتنىڭ كۆپ سانلىق ئورنىغا ياكى رەئىسلىك مەنسىپىگە ئېرىشەلىسەكلا ھوقۇقنى مۇستەھكەم تۇتالايمىز» دەپ خىيال قىلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھەقىقىي بولغىنىدىن كۆرە شەكلىي بولىدىغانلىقىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئېھتىماللىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. ئۇلار يەنە ھەقىقىي ھوقۇقنىڭ ئارمىيە (دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى)، ئىستىخبارات (يەنى دۆلەت بىخەتەرلىك ئاخبارات ئورگىنى)، تەشۋىقات مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى (يەنى ساقچى مىنىستىرلىقى)، ئەدلىيە (يەنى سوت) مىنىستىرلىقى، مالىيە (ئىقتىساد) مىنىستىرلىقى ۋە نوپۇزلۇق شەخسلەردىن ئىبارەت بولغان (سۇندۇرۇش تەس بولغان) قاتتىق كۈچلەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ.

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

ئۆزى يەردە، بېلى مەھكەم باغلاقلىق،
لېكىن ئۆيلەر كۈندە پاكىز تازىلاقلىق.

2. تۆۋەندىكى شېئىري تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!

يۇمىلاقۇ- يۇمىلاق،
ئىچى تولغان قۇمىلاق.
دېمەس ھېچكىم جېنى بار،
لېكىن سىقساق قېنى بار.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. ئايروپىلان.
2. قۇياش ۋە ئاي.





# ئەسكىرىي تەلىم






### رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرىنچى مۇھىم قائىدىلەر

ئەگەر بۇ قائىدىلەرنىڭ بىرى ئورۇندالماي قالسا ياكى سۇس قارىلىپ قالسا، شۇ سەۋەبتىن قىرىنداشلار ياردار ياكى شەھىد بولۇپ كېتىشى ۋە ياكى رازۋېدكىدا كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ قائىدىلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، جىھادىي ھەرىكەتلىرىمىزدە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇ قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، يەر شەكلىگە مۇۋاپىق كىيىنىش ۋە خەتەرلىك جايلارنى بىلىۋېلىش.

يەر شەكلىگە مۇۋاپىق كىيىنىش دېگىنىمىز —— سايلىقتا ساي تۇپرىقىغا ئوخشايدىغان ئەسكىرىي كىيىم ۋە ماسكا؛ يېشىللىق جايلادا يېشىل ئەسكىرىي كىيىم ۋە ماسكا كىيىپ مۇھىتقا ماسلىشىش.

خەتەرلىك جايلارنى بىلىۋېلىش دېگىنىمىز —— «قايسى جايدىن ماڭساق دۈشمەننىڭ ئوقى بىزگە يېتىپ كېلەلەيدۇ، قايسى جايدىن ماڭساق بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ» دېگەنلەرنى بىلىۋېلىش.

«بىخەتەر جايدىن مېڭىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ» دەپ قارىلىشى مۇمكىن، لېكىن، بۇ —— جان ۋە قان مەسىلىسى، شۇڭا ئاۋۋال چوقۇم قايسى جاي خەتەرلىك، قايسى جاي بىخەتەر، شۇنى ئالدىن تەكشۈرۈپ مېڭىش كېرەك. بۇ —— مەسئۇللارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلىشىش.

مەسىلەن، بىز دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن بارساق، ياخشى كۆزىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىچكىرىلەپ كىرىشىمىز كېرەك. ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن بۇرۇن سىرتتا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزىتىش كېرەك بولىدۇ، شۇڭا سىرتتا ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىشىگە مۇۋاپىق جاي تاپىمىز (يەنى بىز دۈشمەننى ياخشى كۆزىتەلەيدىغان ئەمما دۈشمەن بىزنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان جاينى تېپىش كېرەك).

ئۈچىنچى، كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش.

مۇۋاپىق جاينى تېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمىر، ئىككى رازۋېدچىك ۋە قەنناس ئاتقۇچى قاتارلىقلار كۆزىتىدىغان ئورۇنلارنى بۆلۈشۈپ كۆزىتىدۇ. ھەممىسى ئۆزى مەسئۇل بولغان نۇقتىنى ئۇزاق كۆزىتىدۇ. يەنى دۈشمەننىڭ قايسى مۇداپىئەسى كۈچلۈك، قايسى مۇداپىئەدە قانداق قورال بار، قايسى يولدىن كىرىپ، قايسى يولدىن چېكىنىپ چىقسا مۇۋاپىق... قاتارلىق مەلۇماتلارنى ئىگىلەيدۇ.

كۆزەتكەندە رەسىمدىكىدەك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

1- رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.

(ئاخىرى 4- بەتتە)



(بېشى 3- بەتتە)

ئەگەر بىز بۇ دۆڭدە بولساق، رەسىمدىكى توغرا بەلگە قويۇلغان ئورۇندىن كۆزىتىمىز، خاتا بەلگە قويۇلغان ئورۇندىن كۆزىتىشكە بولمايدۇ.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىنى يېرىپ كۆزىتىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق كۆزەتسەك ئوت-چۆپلەر مىدىرلاپ دۈشمەن سېزىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈستىدىن قاراشقىمۇ بولمايدۇ، تاشنىڭ ئۈستىدىن بېشىمىزنى چىقىرىپ كۆزىتىشكىمۇ بولمايدۇ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياكى كەينىدە ئۆرە تۇرۇپ كۆزىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

كۆزىتىۋاتقاندا تېز ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئۇياق-بۇياققا تېز قاراشقىمۇ بولمايدۇ. بىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلار بىلەلمىگۇدەك دەرىجىدە ئاستا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

ناۋادا، بىز باشقا جايدا تۇرۇپ بۇ دۆڭنى كۆزەتمەكچى بولساق، باشقا ئورۇنلارغا قاراپ ئاۋارە بولماي، «بىز شۇ دۆڭدە بولغان بولساق قەيەردە تۇراتتۇق، قەيەرگە مۇداپىئە ياسايتتۇق، قەيەردە تۇرۇپ كۆزىتەتتۇق» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ كۆزىتىمىز. مەسىلەن، ئۆسۈملۈك، تاش، دەرەخ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاستى تەرەپلىرىگە قارايمىز، شۇ نەرسىلەر مىدىرلاۋاتامدۇ-يوق؟ شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىز.

2- رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ يەرنى كۆزەتكەندە قەنناس ئاتقۇچى ئوت-چۆپ ۋە ئۆسۈملۈكنى، ئەمىر تاشنى، ئىككى رازۋېدچىك دەرەخنى بۆلۈشۈۋېلىپ كۆزىتىشى، بەلگىلەنگەن بىر ئورۇننى ئۇزاق كۆزىتىشى كېرەك. ئەگەر ئۆسۈملۈكنى كۆزەتكەن بولساق، شۇنىڭدىن باشقا ياققا قارىماي سىجىل كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ كەينىدە دۈشمەن بولسا، دۈشمەن كۆزىتىپ ھېرىپ، ئۇياق-بۇياققا قارىشى ياكى مېڭىشى مۇمكىن، شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بارلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭلاشقا، بىز كۆزەتكەندە ئاستا ھەرىكەت قىلىپ، ئامال بار مىدىرلىماسلىقىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، مۇداپىئەگە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئالدىدا سۆزلەنگەن ئۈچ قائىدە بويىچە ئىش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رازۋېدكىچىلار تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئىچىگە كىرىشنىڭ ئالدىدا چوقۇم مۇداپىئەگە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مۇداپىئەدىكىلەر رازۋېدكىچىلارنىمۇ، دۈشمەننىمۇ كۆرۈپ تۇرالايدىغان، ئۆزئارامۇ كۆرۈشۈپ تۇرۇشالايدىغان، قوراللىرى دۈشمەنگە ياخشى زەربە بېرەلەيدىغان ئورۇنغا جايلاشتۇرۇلۇشى لازىم. مەسىلەن، مۇداپىئەگە RPG، پىلىموت، قەنناس ئورۇنلاشتۇرغان بولساق، دۈشمەن بىلەن بولغان مۇساپە 300 مېتىردىن ئېشىپ كەتمىسە ياخشى. بولمىسا RPG ياخشى ئىشلىمەيدۇ.

ناۋادا، ئىچىگە كىرگەنلەرنى دۈشمەنلەر سېزىپ قالغۇدەك بولسا، مۇداپىئەدىكىلەر ئوق ئېتىپ ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچىدىكىلەر بىخەتەر چېكىنىۋالىدۇ.

ئەسلەتمە: مۇداپىئەدىكىلەرنى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشى ئانچە زۆرۈر بولمايدىغان بىخەتەر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بولمىسا دۈشمەن ئىچىدىكىلەرنى سېزىپ قېلىپ ئوق ئاتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىچىدىكى مۇشكۇلاتقا ئۇچرىغان رازۋېدكىچىلارنى يېتەرلىك مۇداپىئە قىلالماسلىقى مۇمكىن.

مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇشقا چوقۇم بەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مۇداپىئە قويماي رازۋېدكىغا كىرىپ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان ۋە شەھىد بولۇپ كەتكەن مىساللارمۇ بار.

بەشىنچى، ئىچكىرىلەپ كىرىپ كۆزىتىش.

ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئىككى رازۋېدچىك ئالدىنى كۆزىتىپ ماڭىدۇ. ئەڭ كەينىدىكى كىشى ئارقا تەرەپنى كۆزىتىپ ۋە سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنىڭ بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ ماڭىدۇ. ئوتتۇرىدىكىلەر ئوڭ-سولنى كۆزىتىپ رازۋېدچىكنى قوغداپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن ماسلىشىپ، بىر-بىرىنى قوغداپ ماڭىدۇ. قايتىپ چىققاندا ياكى دۈشمەن سېزىپ قېلىپ چېكىنىپ چىققاندا، چوقۇم بۇرۇنقى تەرتىپنى ساقلاپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى قوغداپ، تەرتىپ بىلەن چېكىنىش كېرەك.

يۇقىرىدا، رازۋېدكىغا ماڭغاندا دىققەت قىلىش مۇھىم بولغان قائىدىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇلارغا ئەمەل قىلىپ، الله قا دۇئا قىلىپ ماڭساق، ئىنشائاللاھ مۇسىبەتنى ئازايتىپ، رازۋېدكىنى ئوڭۇشلۇق قىلالايمىز. ئەگەر سەل قارىساق ياكى سۇسلۇق قىلساق، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

مىسال: بىر گورۇپپا مۇجاھىد دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان، لېكىن خەتەرلىك ئورۇنلارنى بىلىۋالمىغان، ئالدىن ياخشى كۆزەتمەي ۋە مۇداپىئە قويمايلا ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار بىخەتەر ئورۇنلاردىنمۇ خەتەرلىك ئورۇندىن ماڭغاندەك مېڭىپ ئۆزىنى چارچىتىۋالىدۇ ياكى رازۋېدكىدىن كېيىن بىرەر ئەمەلىيەت بولۇپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە ياكى خەتەرلىك ئورۇنلاردىن بىخەتەر ئورۇندا ماڭغاندەك مېڭىپ، دۈشمەن كۆرۈپ قېلىپ ئوققا تۇتسا، كىرىشتىن بۇرۇن قايسى يولدىن كىرىپ قايسى يولدىن چېكىنىشنى كۆرۈۋالمىغانلىقى ئۈچۈن تېڭىرقاپ قالىدۇ. مۇداپىئەگە ئادەم قويمىغانلىقى ئۈچۈن شەھىد ۋە يارىدار كۆپ، تالاپەت ئېغىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى رازۋېدكا مەقسىتىگىمۇ يېتەلمەي قېلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر گورۇپپا مۇجاھىدلار رازۋېدكىغا ماڭغان، بۇلار مۇھىم قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، رازۋېدكىنىڭ يوشۇرۇن بولۇشىغا دىققەت قىلغان ۋە يەر شارائىتى بىلەن ياخشى تونۇشۇۋالغان (يەنى كىرىپ-چىقىدىغان يوللىرىنى ۋە شۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياخشى كۆزەتكەن) بولسا، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ قويماي ۋەزىپىنى بىخەتەر ئورۇندىيالىشى ۋە باشقا ئەمەلىيەت بولۇپ قالسىمۇ بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن. ئەگەر دۈشمەن سېزىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇلار كىرىشتىن بۇرۇن ھەممە قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ، سەۋەبلەرنى ياخشى تۇتۇپ، مۇداپىئەگە ئادەم قويغان ۋە كىرىپ-چىقىدىغان يوللىرىنى ياخشى كۆرۈۋالغان بولغاچقا شۇنداقلا مۇداپىئەچىلەر دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ ھىمايە قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھودۇقماستىن چېكىنىش يولىنى توغرا تېپىپ، بىخەتەر چېكىنىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ (إن شاء الله).

ئۈستىدىكى قائىدىلەر رازۋېدكىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدۇر. مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ تۇرۇپمۇ يەنە مۇسىبەت كەلگەن بولسا، بۇ ــــ الله نىڭ ئىمتىھانى. الله تعالى: «ئېھتىياتنى لازىم تۇتۇڭلار!» دېدى، بىز شۇنداق قىلدۇق إن شاء الله. ئەجرىنى ئالىمىز. لېكىن سۇسلۇق قىلساق، قىيامەتتە بۇنىڭدىن سورىلىپ قالىمىز. مۇسۇلماننىڭ قېنىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك ئويغانغان مۇجاھىدلارنىڭ سانى ئاز بولغان كۈندە، ئۇلارنىڭ قېنىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ! بىر بالا تۇغۇلۇپ، ھەقنى چۈشىنىپ، قولىغا قورال ئالغۇدەك بولۇشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتەر!؟

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



2 - رەسىم

## ھېكمەت دۇردانىلىرى



**1**

تۇرمە ئالەمنىڭ ئاخىرقىسى ئەمەس ۋە زالىمنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا دەلىلمۇ ئەمەس. كۈنلەر ئايلىنىپ تۇرىدۇ. مۇمكىنچىلىك بىلەن مۇمكىنسىزلىك داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئاقىۋەت (يەنى ئاخىرقى غەلىبە) تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

ــــ سۇلايمان ئۇلۋان

**2**

زامان بىرخىل تۇرمايدۇ، گاھى سالامەتلىك، گاھى كېسەللىك، گاھى بايلىق، گاھى كەمبەغەللىك، گاھى ئەزىزلىك، گاھى خارلىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تەقۋالىق بەختنىڭ مەنبەسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىكەن، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ــــ سۇلايمان ئۇلۋان

# جىھاد چەشمىلىرى

■ 2017- يىلى 3- ئايدا پۈتۈن ئىسلام ئالىمى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى، تۈركىستان ئىسلام تارىخىدا چاقنىغان يۇلتۇز، كاپىرلار كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان تىز پۈكمەس دەۋەتچى، كۆمۈلۈپ قالغان ئىسلام روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇسسۇزلۇقتا قالغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا «ئىمان» شەربىتىنى تەقدىم قىلغۇچى ۋە ھازىرقى زاماندا «ئىمان»نى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسىنى ياراتقان مۇجاھىد، تەۋھىد ئۇستازى ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى قارىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. رەببىمىز الله ئۇستازىمىزنىڭ ياتقان ئورنىنى جەننەتۇل فىردەۋستە قىلسۇن ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا سەۋر ئاتا قىلسۇن! (ئامىن)

■ 11- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىرات ۋىلايىتىدىن بادغىس ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە ئەسكىرىي تەمىنات توشۇۋاتقان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 70 دانە ماشىنىسىغا قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 30 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 40 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. مۇجاھىدلار بۇ ئەمەلىيەتتە ئۈچ دانە كاماز ماشىنا، ئۈچ دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنا، 240 دانە ھاۋان ئوقى ۋە باشقا ئەسكىرىي نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 24- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتى جەرجەناز يېزىسىدىكى بىر مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش مەركىزىگە ئېغىر تىپتىكى راكېتالار بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئالتە ئادەمنى شەھىد قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر كىچىك بالا ۋە ئىككى نەپەر ئايال كىشى بار ئىكەن.

■ 11- ئاينىڭ 26- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ گالكايو شەھىرىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بازىسىدا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن مۇداپىئەلىنىۋاتقان مۇرتەد ئابدۇۋەلى ئەلگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ماشىنىدا پىدائىيلىق قىلىپ يول ئېچىپ بېرىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، كېيىن ھۇجۇمچى گورۇپپا بازا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ مۇرتەد ئارمىيە بىلەن ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئېتىشقان، نەتىجىدە مۇجاھىدلىرىمىز پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كاززاب ئابدۇۋەلى ئەلى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن قوشۇپ 20 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ خىتاينىڭ خېبىي ئۆلكىسى يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئېيتىشىچە، 11- ئاينىڭ 28- كۈنى (چارشەنبە) خىتاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان جاڭ جياكو شەھىرىدىكى بىر خىمىيە زاۋۇتىدا پارتلاش يۈز بېرىپ، ئاز دېگەندە 22 خىتاي ئۆلۈپ، 22 سى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 30- كۈنى ئىسلام دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان جورجى بۇش 94 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. ئۇ 1989- يىلدىن 1993- يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بولغان بولۇپ، 1990- يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشىنى باشلىغان. 1992- يىلدىن 1993- يىلغىچە سومالىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. بوشنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئاداۋىتىنىڭ داۋامىنى ئوغلى كىچىك بوش ئىراققا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ئېچىش بىلەن داۋاملاشتۇرغان شۇنداقلا ئافغانىستان ۋە باشقا مۇسۇلمان دىيارلىرىدا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىنىڭ «شاھادەت» تور بېتىدىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەششاباب تەشكىلاتى بۇ قېتىم ئۆز كونتروللۇقىدىكى سەككىز ۋىلايەتتە 6269 ئائىلىگە 22451 تۇياق كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ماللارنى تارقاتقان. بۇ بولسا ئەششاباب تەشكىلاتىنىڭ سومالىدا زاكات تارقاتقان 11- يىلى ھېسابلىنىدىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 1- كۈنى رۇسىيىنىڭ ئومسك رايونىدا رۇسىيە ئارمىيىسىگە تەۋە ئېغىر تىپتىكى قورال-ياراقلارنى توشۇۋاتقان بىر دانە پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىپ، 21 ۋاگون ئۆرۈلۈپ كەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ كابىسا ۋىلايىتىنىڭ تىجىد رايونىدا ئەسكەر چۈشۈرمەكچى بولغان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە «XINUK» تىپلىق تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن. ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ بەرگەن خەۋىرىدە، بۇ تىكئۇچاردىكى تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن. ئادەتتە، ئامېرىكا ئارمىيىسى «XINUK» تىپلىق تىكئۇچار ئايروپىلاندا 40 نەپەردىن 60 نەپەرگىچە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنى توشۇيدىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 3- كۈنى مۇجاھىدلار يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتىنىڭ مەخفىد مەنتىقىسىدە تاجاۋۇزچى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە تەۋە «ھىزام ئامنى» نامىدىكى ياللانما قوشۇننىڭ بىر دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ماشىنىنى پاچاقلىۋەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 5- كۈنى سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ تەلتوقان نۇقتىسىغا يوشۇرۇن ئىلگىرىلىگەن بەششار ئەسەد قوشۇنى مۇجاھىدلار بىلەن بىر قانچە سائەت جەڭ قىلغاندىن كېيىن ئارقىغا چېكىنگەن.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى سەھەردە ئىران بىلەن پاكىستان چېگراسىدىكى بالوجىستان رايونىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئەنسارۇل فۇرقان» جامائىتى بايانات ئېلان قىلىپ، ئىراننىڭ چاباھار رايونىدىكى ساقچى مەركىزىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېلان قىلغان. رافىزىي ئىران ھۆكۈمىتى ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا بۇ ئەمەلىيەت توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى يوشۇرماقتا.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته